ئومۇمىي خەلقنىڭ ئەخلاق ساپاسى ۋە جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنىڭ يېڭى يۈكسەكلىككە يېتىشىگە تۈرتكە بولايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«پروگرامما»نىڭ ئېلان قىلىنىشى ئومۇمىي خەلقنىڭ ئەخلاق ساپاسى ۋە جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنىڭ يېڭى يۈكسەكلىككە يېتىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇپ چىقىشنىڭ يېڭى مۇساپىسىنى باشلاشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، بىرقاتار مۇھىم ئورۇنلاشتۇرمىلارنى قىلىپ، ئىدىيە ـ ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولدى. ئەخلاققا ئەھمىيەت بېرىش، ئەخلاققا ھۆرمەت قىلىش، ئەخلاققا رىئايە قىلىش، يۈكسەك ئەخلاققا ئىنتىلىش ئادەتكە ئايلاندى؛ قەھرىمانلارنى قەدىرلەش، نەمۇنىچىلارنى ھۆرمەتلەش، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش كەيپىياتى تېخىمۇ قويۇقلىشىپ، ئەخلاق ساھەسىدە ئاكتىپ، ساغلام بولغان يۇقىرىغا ئىنتىلىدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بۇ يىل يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈرۈشلۈك پائالىيەتلىرىدە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىدا ئاددىي ـ ساددا ئەمما ئوتتەك قىزغىنلىق ئىپادىلەندى، پۈتكۈل جەمئىيەت بىردەك ئىنتىپاقلىشىپ، غەيرەتلىك، كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ، مىللەتنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن مول نەتىجىلەرنى نامايان قىلدى. زامانىمىزدىكى جۇڭگو مول ئەخلاق بايلىقىنى توپلىدى، بۇ، بىزنىڭ يېڭى دەۋر پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىزنىڭ مۇھىم ئاساسى.

يېڭى دەۋر پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشتا، جەزمەن شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىش كېرەك. پۈتۈن مىللەتتە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئورتاق غايىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش، پۈتكۈل جەمئىيەتتە سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇش پۇقرالارنىڭ شەخسىي ئەخلاق ئىنتىلىشىنى جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ مۇساپىگە سىڭدۈرىدۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپىزملىق، سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرىدۇ، يېڭى دەۋر پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىدا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى مۇجەسسەملەيدۇ.

يېڭى دەۋر پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشتا، جەزمەن سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ قىممەت قارىشىدىكى ئەڭ چوڭ ئورتاقلىق بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بىر خىل ئەخلاق، يەنى شەخسنىڭ ئەخلاقى، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ ئەخلاقى، جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىدۇر. دۆلەتنىڭ قىممەت نىشانى، جەمئىيەتنىڭ قىممەت مىزانى ۋە پۇقرالارنىڭ قىممەت ئۆلچىمىنى پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە، پۈتكۈل جەريانىغا ئورگانىك سىڭدۈرۈپ، ئۇنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

يېڭى دەۋر پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشتا، جەزمەن كۈچنى توپلاپ مىللەتنى گۈللەندۈرۈش زور ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالالايدىغان دەۋر يېڭى كىشىلىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك. مىللەتنى گۈللەندۈرۈش زور ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالالايدىغان دەۋر يېڭى كىشىلىرى جەزمەن ئىدىيەۋى سەۋىيە، سىياسىي ئاڭ، ئەخلاق ـ پەزىلەت، مەدەنىيەت ساپاسى، روھىي ھالەت قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك، بۇ، پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ مەۋقەسى ۋە مەقسىتى بولۇپ، بارلىق خىزمەتلەردە دىققەتنى بۇ نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، قىلچىمۇ ئېغىپ كەتمەسلىك كېرەك. دەۋر يېڭى كىشىلىرىنىڭ مول ماھىيەتلىك مەزمۇنى، دەۋر ئالاھىدىلىكى، تۈپ تەلىپىگە بولغان تونۇش ۋە چۈشىنىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دەۋر يېڭى كىشىلىرىنى يېتىشتۈرۈش مۇھىم ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى زىممىگە ئېلىش كېرەك.

مىڭ چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپەرمۇ بىرىنچى قەدەمدىن باشلىنىدۇ. پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىدا مۇھىمى كىچىكتىن باشلاپ تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇش، ئەمەلىي تۇتۇش. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار يېڭى دەۋر، يېڭى تەلەپكە ئۇيغۇنلىشىپ، نىشان يۆنىلىشى ۋە مەسىلە يۆنىلىشىنىڭ ئۆزئارا بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، خىزمەت سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتىپ، قانۇنىيەتنى ئىگىلەپ، پائال يېڭىلىق يارىتىپ، ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئەخلاق ساپاسى ۋە جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنىڭ يېڭى يۈكسەكلىككە يېتىشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

(2019 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)

ياخشى سۈپەت ـــ كالىچىلىق كەسپىنى «قالتىس» قىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

باقمىچىلىق ھالقىسىدا، چارۋىچىلىق مەيدانىدىكى ئانگۇس شالغۇتلاشتۇرۇلغان گۆش كالىسىنى نەسىل يېتىشتۈرۈش، بورداشتىن قوتاندىن چىقىرىشقىچە بولغان ھەممە جەريانىدا مۇھىتقا قاتتىق تەلەپ قويۇلدى، يەيدىغىنى نىسبەت بويىچە تەڭشەلگەن سەرخىل، ئىنچىكە ئارىلاشتۇرۇلغان ئورگانىك يەم ـ خەشەك بولۇپ، ئوچۇقچىلىقتا يايلىتىپ بېقىش ئارقىلىق كالىنىڭ ھەرىكەت مىقدارىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى، «ئوت ـ چۆپ تېرىش + باقمىچىلىق» ئارقىلىق يەم ـ خەشەكنىڭ ئورگانىك ئۆتكۈنچە ئايلاندۇرۇلۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، چارۋىچىلىقنىڭ دەرىجىسىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇندى.

پىششىقلاش ھالقىسىدا، تيەنلەي چارۋىچىلىقى ئىشلەپچىقارغان كالا گۆشى تولۇق ئاپتوماتىك تېز سۈرئەتتە ئالدىن سوۋۇتۇلغان ۋە 72 سائەت كىسلاتاسىزلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىنغان بولۇپ، سوغۇق ساقلاش ھالىتىدە 30 كۈن يېڭى پېتى ساقلىغىلى بولىدۇ، ئوتتۇرا، ئالىي دەرىجىلىك كالا گۆشى مەھسۇلات مىقدارى ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 40%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ.

سېتىش ھالقىسىدا، سۈپەتلىك ماركىغا ئايلاندۇرۇش تەپەككۇرى پىشىپ يېتىلىشكە قاراپ ماڭدى. 2018 ـ يىلى، «تيەنلەي شياڭنيۇ» مەھسۇلاتى بېيجىڭ، گۇاڭجۇ، شېنجېن، ۋۇخەن ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ئوتتۇرا، ئالىي دەرىجىلىك بازىرىغا كىرىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ بىردەك ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ياخشى سۈپەتنىڭ ئارقىسىدا چارۋىچىلىق مەيدانىدىن بازارغىچە بولغان پۈتۈن مۇساپىلىك ئورگانىك يېتىشتۈرۈش بار. بۈگۈنكى كۈندە، 30 مىڭ موغا يېقىن ئورگانىك يەم ـ خەشەك تېرىقچىلىق بازىسى، 10 مىڭ تۇياق كۆلەملىك ساپ نەسىللىك ئانگۇس گۆش كالىسى يادرولۇق نەسىل يېتىشتۈرۈش بازىسى، يىلىغا 50 مىڭ تۇياق ئورگانىك گۆش كالىسىنى قوتاندىن چىقىرىدىغان بورداقچىلىق بازىسى بار كارخانا بولۇش سۈپىتى بىلەن، تيەنلەي چارۋىچىلىقىنىڭ ئوت ـ چۆپ ئۆستۈرۈش، گۆش كالىسى بېقىش، سويۇپ پىششىقلاشتىن ئوراپ قاچىلاپ سېتىشقىچە بولغان ھەممە ھالقىسى دۆلەتنىڭ ئورگانىك ئېتىراپ قىلىشىدىن ئۆتكەن بولۇپ، «پۈتۈن رايون ئورگانىك بولۇش + پۈتۈن كەسىپ زەنجىرى ئورگانىك بولۇش»نى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇردى.

1200 يۈەندىن 500 يۈەنگىچە پەقەت «بىر پىچاقلا پەرقى بار»

ھەربىر تۇياق كالىنى نەسىل يېتىشتۈرۈشتىن بورداشقىچە، يەم ـ خەشەك تەييارلاشتىن بېقىشقىچە، تۇغۇلۇشتىن سېتىشقىچە تيەنلەي چارۋىچىلىقى ھەربىر ھالقىدا ئىلمىي بولۇش، ئەتراپلىق بولۇش ئۈستىدە ئىزدەندى.

ئارالتوقاي چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ بورداقچىلىق بازىسىدا، توپ ـ توپ گۆش كالىلىرى تۇغرالغان ئوت ـ چۆپ چېچىلغان يەرلەردە ئەركىن يايلاپ يۈرۈۋاتقاندا، تيەنلەي چارۋىچىلىقىنىڭ پۈتۈن جەريانى سۈرۈشتۈرۈش سىستېمىسىمۇ كالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالىنى ئىينەن خاتىرىلەۋاتاتتى. تيەنلەي چارۋىچىلىقىنىڭ مۇئاۋىن باش لىدىرى دىڭ جيەنجياڭ مۇنداق دېدى: «بۇ يەردىكى ھەربىر تۇياق كالىنىڭ قۇلىقىغا تۇغۇلۇشى بىلەنلا بەلگە سېلىنىپ، كالىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، بۇقا ۋە ئىنەكنىڭ قانداشلىقى، بېقىش مۇھىتى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خاتىرىسى قاتارلىق ھەرخىل سانلىق مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن».

30 كىلومېتىردىن ئارتۇق يىراقلىقتا شىنجاڭ تيەنلەي شياڭنيۇ يېمەكلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تيەنلەي چارۋىچىلىقىنىڭ سويۇپ پىششىقلاش زاۋۇتى بار بولۇپ، ئورگانىك دانلىق زىرائەتلەرنى يەپ، تەبىئىي قار سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان گۆش كالىلىرى قوتاندىن چىقىرىلغاندىن كېيىن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنىدۇ، نەچچە سائەتتىن كېيىن، بىر پۈتۈن كالا «تۇغۇلغاندىن تارتىپ سويۇلۇشقىچە بولغان» ئىككىلىك كود ئۇچۇرى چاپلانغان كالا گۆشىگە ئايلىنىدۇ.

«ئىستېمالچىلار يېگەن ھەربىر پارچە كالا گۆشىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى سكانېرلاپلا بىلەلەيدۇ، كالىنىڭ قانداق ئوت ـ چۆپ يېگەنلىكىنى، قانداق بېقىلغانلىقىنى بىر قاراپلا بىلەلەيدۇ.» شىنجاڭ تيەنلەي شياڭنيۇ يېمەكلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن باش دىرېكتورى خېن يۇسۇڭ مۇنداق دېدى: «ئىشلەپچىقىرىش كۆزىتىش ـ كونترول خانىسىدا، 18 سانلىق مەلۇمات توپلاش تېرمىنالى پۈتۈن جەريان بويىچە سانلىق مەلۇمات توپلايدۇ، تىرىك كالا سويۇپ پىششىقلاش زاۋۇتىغا كىرگەن شۇ پەيتتىن باشلاپ، قۇلاق بەلگىسى ئىككىلىك كودقا ئايلىنىپ، سويۇلغاندىن كېيىن كالىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىغا ئاساسەن ھەربىر پارچە كالا گۆشىگە چاپلىنىدۇ».

مۇكەممەل بولغان ئىشلەپچىقىرىش زەنجىرى، قاتتىق سۈرۈشتۈرۈش سىستېمىسى «تيەنلەي شياڭنيۇ»نى ياخشى باھادا سېتىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈردى. «بىر تۇياق تاۋار ئانگۇس كالىسىنى پارچىلىغاندىن كېيىن ئەڭ قىممەت بولغاندا 80 مىڭ يۈەنگە، پەقەت بولمىغاندىمۇ 40 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلغا ساتقىلى بولىدۇ.» خېن يۇسۇڭ مۇنداق دېدى: ئانگۇس كالىسى بېقىش تەننەرخى، بېقىش دەۋرى جەھەتتە شىنجاڭنىڭ يەرلىك گۆش كالىسى بىلەن ئاساسەن ئوخشايدۇ، ئەمما باھا جەھەتتە ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىدۇ.

گۆش كالىچىلىقى كەسپىدە، ئالىي دەرىجىلىك كالا گۆشىنىڭ قىممىتىنى ئايرىشتا، گۆشىنىڭ ئۈستىدە تەكشى مەرمەر گۈللۈك سىزىقچىلارنىڭ بار ـ يوقلۇقى باھالاش ئۆلچىمى قىلىنىدۇ، ئادەتتە «تاغىل كالا گۆشى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئانگۇس كالىسى بىلەن شالغۇتلاشتۇرۇلغان شىنجاڭنىڭ يەرلىك كالىسىدىن 30 كىلوگرام ئەتراپىدا تاغىل گۆش چىقىدۇ، بىر كىلوگرامىنى ئەڭ قىممەت بولغاندا 1200 يۈەنگە ساتقىلى بولىدۇ، بىر كالا پارچىلانغاندىن كېيىن، پەقەت ئۇنىڭ تاغىل گۆشىنىلا 30 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا ساتقىلى بولىدۇ.

«كالىنىڭ يېغى مۇسكۇلغا سىڭگەندىلا ئاندىن تاغىل گۆش شەكىللىنىدۇ، ئەگەر پىچاق ياخشى ئۇرۇلمىسا، تاغىل سىزىقلارنىڭ جايلىشىشى بۇزۇلۇپ، بىر كىلوگرامى 1200 يۈەن بولغان تاغىل گۆش 500 يۈەنگە چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن.» خېن يۇسۇڭ مۇنداق دېدى: بۇ قىلدىن كەتسە قىرىقتىن كېتىدىغان ئىنچىكە ئىشنى پەقەت ئادەم قول سېزىمى ئارقىلىق مۇسكۇل سىزىقچىلىرىنى بويلاپ كېسىپ تاماملايدۇ، بۇنى ماشىنا بىلەن قىلغىلى بولمايدۇ.

10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، مۇخبىر بۇ شىركەتنىڭ پىششىقلاش ـ سويۇش ـ پارچىلاش سېخىدا ئىشچىلارنىڭ مىكروبسىز ئىنچىكە ئايرىش ئاقما لىنىيەسىدە چېۋەرلىك بىلەن بىر پۈتۈن كالىنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككىگە، تۆتكە، سەككىزگە بۆلۈپ، قوۋۇرغا، پەش گۆش، ئومۇرتقا گۆشى قاتارلىق نەچچە يۈز خىل كالا گۆشى مەھسۇلاتىنى ئاقما لىنىيەدە ئۈزلۈكسىز پارچىلاپ چىقىرىۋاتقانلىقىنى، بارلىق جەرياننىڭ قولدا قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

نەسلىنى ياخشىلاپ ئەلا سۈپەتلىك كالا كۆلىمىنى «كېڭەيتىش»

ھازىر تيەنلەي چارۋىچىلىقى يەرلىك گۆش كالىسىنىڭ سۈپىتىنى كۈچەپ ياخشىلاپ، ئەلا سۈپەتلىك گۆش كالىسىنى يېتىشتۈرمەكتە. لېكىن بازار ئېھتىياجلىق بولغان ئەلا سۈپەتلىك كالا بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يەنىلا «سانلىق مىقدار دەرىجىلىك پەرق» بار.

2014 ـ يىلى، تيەنلەي چارۋىچىلىقى شۇ جايدىكى ئەلا نەسىللىك ئىنەكنى ئاساس قىلىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارغا ئانگۇس نەسىللىك كالىسى تارقىتىپ بېرىپ، گۆش كالىسى نەسلىنى بىرتۇتاش ياخشىلىدى، نەسلى ياخشىلانغاندىن كېيىنكى ئالتە ئايلىق موزايىنى تيەنلەي چارۋىچىلىقى يەنە باشقا تۈردىكى كالىلارنىڭ باھاسىدىن 20% ئەتراپىدا يۇقىرى بولغان قوغداش باھاسىدا قايتۇرۇپ سېتىۋالدى. كارخانا كەسپلەشكەن ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ، ئاخىرىدا سېتىش بازىرىدا ئېرىشكەن ئۆرلىگەن باھا پايدىسىدىن دېھقان ـ چارۋىچىلارغا ئىككىنچى قېتىم پايدا تەقسىملەپ بېرىش ئارقىلىق، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇردى.

«بىزنىڭ نەسىل ياخشىلاش يۆنىلىشىمىز ۋە نىشانىمىز ئانگۇس كالىسىنى ئاساس قىلغان گۆش كالىسىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاپ، سىياسەت تۈرتكىسى، تېخنىكا مۇلازىمىتى ۋە دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئارزۇسىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، شالغۇتلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، شۇ جاينىڭ ئەلا سۈپەتلىك كالا نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش» دېدى دىڭ جيەنجياڭ.

ئىنىكى يوق دېھقان ـ چارۋىچىلارنى تيەنلەي چارۋىچىلىقى ئانگۇس نەسىللىك كالىسىنىڭ توڭلىتىلغان ئىسپېرمىسى بىلەن تەمىنلىدى، توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن تەمىنلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېھقان ـ چارۋىچىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ سوغۇق ئۇرۇقلاندۇرۇش كېلىشىمى ھەم ھەمكارلىشىپ كۆپەيتىش كېلىشىمى ئىمزالاپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنى ئەلا سۈپەتلىك نەسىللىك بۇقا ۋە كۆپەيتىشكە بولىدىغان ئىنەك بىلەن تەمىنلەپ، شالغۇتلاشتۇرۇپ نەسىل ياخشىلاشنى يولغا قويدى.

دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ بېقىشتىكى غەم ـ ئەندىشىسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، تيەنلەي چارۋىچىلىقى يەنە ئانگۇس بىلەن شالغۇتلاشتۇرۇلغان ياكى سوغۇق ئۇرۇقلاندۇرۇلغان كۆپەيتىشكە بولىدىغان ئىنەكلەرنى سۇغۇرتا بىلەن تەمىنلىدى، كۈتۈلمىگەن ئەھۋال كۆرۈلۈپ ئۆلۈپ كەتسە، ھەربىر كالا ئۈچۈن ئەڭ كۆپ بولغاندا 10 مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىلىدىغان بولۇپ، باقمىچىلارنىڭ بېقىش خەۋپى ئەڭ زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، ئۇلارنىڭ باقمىچىلىق ئاكتىپلىقى ئاشۇرۇلدى.

«نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، نەسىل ياخشىلاشنىڭ ئىككى جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيىتى بار.» دىڭ جيەنجياڭ مۇنداق دېدى: دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشقا تۈرتكە بولۇپلا قالماي، يەنە شۇ جاينىڭ ئەلا سۈپەتلىك كالىچىلىقنى كەسپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشى ۋە سۈپەتلىك ماركا يارىتىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، تيەنلەي چارۋىچىلىقىلا ئەمەس، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئانگۇس گۆش كالىسىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتىمۇ تەدرىجىي ياخشى مەنزىلگە قەدەم قويدى. يەرلىك ھۆكۈمەت تيەنلەي چارۋىچىلىقى بىلەن بىرلىشىپ، گۆش كالىسىنىڭ نەسلىنى ياخشىلايدىغان بىر يۈرۈش تولۇقلىما بېرىش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، «مەبلەغ بىۋاستە تولۇقلىمىسى + كارخانا ياردەم بېرىش، يۆلەش ھەم قايتۇرۇپ سېتىۋېلىش» ئەندىزىسى ئارقىلىق، دېھقان ـ چارۋىچىلارنى ئانگۇس كالىسىنى بېقىشقا يېتەكلىدى. ئارالتوقاي چارۋىچىلىق مەيدانىدىكى چارۋىچى ئاشخابات تولۇقلىما ئېلىش ئارقىلىق 30 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ئانگۇس نەسىللىك كالىسىنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. بۇ يىل ئۇنىڭ ئۆيىدىكى موزاي كۆپىيىپ 15كە يەتتى.

نۆۋەتتە، بورتالا ئوبلاستى پۈتۈن كۈچى بىلەن دۆلەت زامانىۋى يېزا ئىگىلىك كەسپلەر باغچىسى بەرپا قىلماقتا، دۆلەت گۆش كالىسى يادرولۇق نەسىل يېتىشتۈرۈش مەيدانىدىن بىرنى ئىلتىماس قىلىپ ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزدى، كۆلەملەشكەن باقمىچىلىق مەيدانىدىن 245 نى يېتىشتۈردى، ئانگۇس گۆش كالىسى شۇ جايدىكى 235 ئائىلىلىك دېھقان ـ چارۋىچىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا بىۋاستە تۈرتكە بولدى، ھەربىر ئائىلە يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 70 مىڭ يۈەن كىرىم قىلالايدىغان بولدى.

جاڭ شېڭ مۇنداق دېدى: ئانگۇس شالغۇت كالىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېتىشتۈردۇق ھەم ھۆكۈمەت، پەن ـ تېخنىكا ئاپپاراتلىرى كارخانا بىلەن بىرلەشكەن، دېھقانلار قاتناشقان گۆش كالىسى نەسىل يېتىشتۈرۈش ئەندىزىسىنى ئومۇملاشتۇردۇق ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق ياراتتۇق. بۇنىڭدىن كېيىن، شىركىتىمىز پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئانگۇس شالغۇت كالىسىنى بېقىش ـ كۆپەيتىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە كۈچەپ، خەلقئارا رىقابەت كۈچىگە ئىگە شىنجاڭنىڭ يەرلىك كالا سۈپەتلىك ماركىسى ۋە كەسپىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئاھالىلەر پەقەت بىر ئېلېكترونلۇق ساغلاملىق كارتىسى تىزىملىتىپ ئىلتىماس قىلسىلا، قۇمۇل شەھىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك داۋالاش ئاپپاراتلىرىدا پەرقلەندۈرۈشنى تاماملىيالايدۇ، قايتىدىن كېسەل كۆرسىتىش كارتىسى بېجىرىشى ھاجەتسىز.» قۇمۇل شەھەرلىك سەھىيە، ساغلاملىق كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇدىر سائادەت ئەمەت تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: قۇمۇل شەھىرى ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى «ھەممىباب كارتا»سىنى پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە تۇنجى بولۇپ نۇقتىدا سىناق قىلغان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر بولۇپ، ئېلېكترونلۇق ساغلاملىق كارتىسى سۇپىسى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرى توردا سىناق تەرىقىسىدە يۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

ئىگىلىنىشچە، ئېلېكترونلۇق ساغلاملىق كارتىسى ئاغرىق ئۆزى چىقىم قىلىش ۋە داۋالىنىش سۇغۇرتىسى فوندى ئاتچوت قىلىشتا قولايلىق چىقىم قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاھالىلەرنىڭ پۈتۈن ھاياتلىق دەۋرىدىكى ئېلېكترونلۇق ساغلاملىق خاتىرىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، تارماق ھالقىغان، ئاپپارات ھالقىغان، رايون ھالقىغان سانلىق مەلۇمات بايلىقىنى بىرىكتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرىدىكەن.

ئۆگىنىشتە چوڭقۇرلۇققا ئەھمىيەت بېرىش، ھەرىكەتتە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئىنتىلىش. 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، چۆچەك شەھىرىدىكى تۇنجى «داۋالاش ئورتاق گەۋدىسى»گە چاشا بازارلىق دوختۇرخانىدا ۋىۋېسكا ئېسىلدى. تۇغۇت بۆلۈمى، بالىلار بۆلۈمى، ئىچكى، تاشقى كېسەللەر بۆلۈمى، جۇڭيى تېبابىتى بۆلۈمى قاتارلىق 11 نۇقتىلىق بۆلۈم ـ ئىشخانىدىكى كەسپ تايانچلىرى ھەركۈنى نۆۋەتلىشىپ كېسەل كۆردى، مۇتەخەسسىسلەر كېسەلخانىلارنى قەرەللىك تەكشۈردى، ئامما يىراققا بارمايلا ئەلا سۈپەتلىك داۋالاش مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولالايدىغان بولدى، ئاساسىي قاتلامدا كېسەل كۆرسىتىش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ئۆرلىدى.

كۇچا ناھىيەلىك سەھىيە، ساغلاملىق كومىتېتى ئائىلە دوختۇرى كېلىشىم مۇلازىمىتىنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، يېزا ـ بازار، كەنتلەردىكى بىرىنچى سەپ سەھىيە بايلىقىدىن ئەڭ زور دەرىجىدە پايدىلاندى.

پاتىگۈل ھېسامدىن كۇچا ناھىيەسى ئۇزۇن بازارلىق شىپاخانىدىكى ئۇنىۋېرسال دوختۇر، شۇنداقلا «ئائىلە دوختۇرى كېلىشىم مۇلازىمىتى» ئۆمىكىنىڭ مەسئۇلى. ئۇ ھەر ھەپتىدە شىپاخانىدىن تەخمىنەن ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يېڭىتور 2 ـ كەنتكە بېرىپ كېلىشىم ئىمزالىغان ئاھالىلەرنىڭ ئۆيىدە ئىككى قېتىم سەييارە كېسەل كۆرىدۇ.

باش تېما تەربىيەسىدە، كۇچا ناھىيەلىك سەھىيە، ساغلاملىق كومىتېتى زىيارەت داۋامىدا ئامما ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرگە ئاساسەن، ئائىلە دوختۇرى مۇلازىمەت ئۆلچىمى ۋە مۇلازىمەت دائىرىسىنى ۋاقتىدا تەڭشەپ، تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەسئۇلىيەتنى ئادەمگىچە ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تەدبىرلەرنى ئىش ئورنىغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئائىلە دوختۇرى كېلىشىم ئۆمىكىنىڭ ھەر ھەپتىدە ئىككى يېرىم كۈن ۋاقىت ئاجرىتىپ، ئەڭ يىراقتىكى كېلىشىم ئىمزالىغان دېھقان ئائىلىلىرىگە بېرىپ مۇلازىمەت قىلىشنى بېكىتىپ، كېلىشىم مۇلازىمىتىنىڭ تولۇق قاپلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاھالىلەرگە ساغلاملىق مۇلازىمىتى قىلىشتىكى «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»نى تۇتاشتۇردى.

ھازىرغىچە، كۇچا ناھىيەسى ئائىلە دوختۇرى كېلىشىم ئۆمىكىدىن 247نى تەشكىللەپ قۇردى، ئائىلە دوختۇرى كېلىشىمى ئىمزالىغان ئادەم 318مىڭ 500گە يەتتى، پۈتۈن ناھىيەدىكى نامرات ئاھالە، دىيابېت كېسىلى، يۇقىرى قان بېسىم، تۇبېركۇليوز كېسىلى قاتارلىق نۇقتىلىق مۇلازىمەت تۈرىنىڭ كېلىشىم ئىمزالاش نىسبىتى 100% بولدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

2018 ـ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز «ھۆكۈمەت يېتەكلەش، بازار باھا بېكىتىش، ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا تولۇقلىما بېرىش، كۆپ مەنبەلىك سۇبيېكتلار سېتىۋېلىش، ئەلا سۈپەتلىكلىرىگە يۇقىرى تولۇقلىما بېرىش، ئەلا سۈپەتلىكلىرىنىڭ باھاسى يۇقىرى بولۇش، جىددىي ئەھۋالدا بازارغا تايىنىپ سېتىۋېلىش»تەك بازارلاشتۇرۇلغان سېتىۋېلىش ـ زاپاس ساقلاش مېخانىزمىنى ئورناتتى. 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئىستاتىستىكىغا كىرگۈزۈلگەن ئاشلىق كارخانىلىرى جەمئىي سېتىۋالغان بۇغداي 2 مىليون 600 مىڭ توننا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرى سېتىۋالغان بۇغداي 2 مىليون 110 مىڭ توننا بولدى، ئۈن پىششىقلاش كارخانىلىرى قاتارلىق كۆپ مەنبەلىك سۇبيېكتلار 490 مىڭ توننا سېتىۋالدى.

ئاپتونوم رايونىمىز مەركەز زاپاس ساقلاش، دۆلەت ۋاقىتلىق زاپاس ساقلاش، ئاپتونوم رايون يەرلىك زاپاس ساقلاش، ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك زاپاس ساقلاش ۋە تەييار ئاشلىقنى جىددىي ئېھتىياجنى قامداش ئۈچۈن زاپاس ساقلاشتىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك زاپاس ساقلاش سىستېمىسى ئورناتتى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە بەلگىلىك مىقداردا دۆلەت ۋاقىتلىق زاپاس ساقلاۋاتقان بۇغداي بار بولۇپ، سىياسەت خاراكتېرلىك ئاشلىق ئامبار زاپىسى يېتەرلىك. «بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز سوغۇق ھاۋا ئالماشتۇرۇش، ئىچكى ئايلانما ئېقىم، ئېلېكترونلۇق تېمپېراتۇرا ئۆلچەش قاتارلىق تۈرلۈك زامانىۋىلاشقان، ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان، يېشىللاشقان زاپاس ئاشلىق ساقلاش ۋاستىلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئومۇملاشتۇرۇپ، ئاشلىقنى زاپاس ساقلاش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردۇق» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ۋە ماددىي ئەشيا زاپاس ساقلاش ئىدارىسى بىخەتەر ئامباردا ساقلاش ۋە پەن ـ تېخنىكا باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ياڭ جىنلى.

ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىزدا جەمئىي 100دىن ئارتۇق كۆلەمدىن يۇقىرى ئۈن پىششىقلاش كارخانىسى بار. ئاپتونوم رايونىمىز سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى، ئالاتاۋ، قورغاس، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونلارغا بىردەك دۆلەت ئىچىدىكى كۆلەملەشكەن ئۈن يېمەكلىكلىرىنى پىششىقلاش كارخانىلىرى ماكانلاشتى.

سېتىش ھالقىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىز ئۈرۈمچى دۆلەت ئاشلىق سودا مەركىزىنى باشلامچى، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى سودا بازارلىرىنى تىرەك، يېزا ـ بازارلاردىكى بازار سودىسىنى تولۇقلىما قىلغان ئاشلىق سودا بازىرى سىستېمىسى ئورناتتى. «بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىز ھازىر ئۇنىڭ رايون سۈپەتلىك ماركا قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، شۆخۇا ئۇنى ۋە لەڭمەن ئۇنىنىڭ ساھە ئۆلچىمىنى بېكىتىپ، سۈپەتلىك ماركا يارىتىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئاشلىق بايلىقى ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرماقتا» دېدى ليۇ شۆمىڭ.